
«كۆك ئاي» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى
قاچانلىققا
قار ياغىدۇ
شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

«كۆك ئاي» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# قاچانلىققا قار ياغىدۇ

ئاپتورى: كىلەيئېر فىرىدمەن (ئەنگلىيە)
رەسىمىنى سىزغۇچى: تىنا مەكنوتىن (ئەنگلىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

蓝月亮宝宝. 什么时候才下雪：维吾尔文 / 新疆儿童文学研究会编；龙喜汇动漫公司绘；帕力达·买买提译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2015.12

ISBN 978-7-5469-7821-5

Ⅰ. ①蓝… Ⅱ. ①新… ②龙… ③帕… Ⅲ. ①儿童文学 – 图画故事 – 中国 – 当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第280872号

策　　划：于文胜
责任编辑：迪娜·迪里木拉提
责任校对：迪力夏提·买买提
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　蓝月亮宝宝绘本丛书 —— 什么时候才下雪（维吾尔文）
译　　者　帕力达·买买提
出　　版　新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com)
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/12
印　　张　2.5
版　　次　2015年12月第1版
印　　次　2017年1月第1次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7821-5
定　　价　16.00元

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)



قىش كەپتۇ، ئېيىقچاق بىر قىش ئۇخلاشنى ئازراقمۇ خالىمايدىكەن، ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن قاردا ئوينىغۇسى بار ئىكەن. «قارا، قار ئاسماندىن مۇنداق ياغىدۇ!» تىيىنچاق بىر سىقىم قارنىغاي ئۇرۇقنى ئاسمانغا ئېتىپ، ئەزەلدىن قارنى كۆرۈپ باقمىغان ئېيىقچاقنى ھاياجانلاندۇرۇۋېتىپتۇ. ئېيىقچاقنىڭ قىشلىق ئۇيقۇسى ئاخىرلاشقاندا، ئۇنىڭ دوستلىرى ۋەدىلەشكەن جايدا پەيدا بولارمۇ؟



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— قىش كېلەي دەپ قالدى، قوزام، — دەپتۇ ئېيىق ئانا ئېيىقچاققا، — يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، سوغۇق شامال چىقىپ، ھاۋا تېخىمۇ سوۋۇپ كېتىدۇ. يۇمشاق ھەم ئاپئاق قار شامالغا قوشۇلۇپ يېغىشقا باشلىغاندا، بىز ئىللىق ئۆيىمىزدە ئۇخلايمىز.

— مېنىڭ ئۇخلىغۇم يوق، قارنى كۆرگۈم بار، يەنە قار ئۈستىدە ئوينىغۇم بار! — دەپتۇ ئېيىقچاق.

ئېيىقچاق شۇنداق دېگىنىچە، ئانىسىنىڭ قوينىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ مۆكۈنۈۋاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تيينچاق دەرەخ شېخىدا ساڭگىلاپ تۇرۇپ، دەرەخ كەينىگە مۆكۈنۈۋالغان ئېيىقچاقنى كۆرۈپ، خۇشال هالدا ئۇنىڭغا:

— هەي، مەنمۇ مۆكمۆكىلەك ئويناشقا ئامراق، — دەپتۇ.

— ئۇش، — دەپتۇ ئېيىقچاق دەرهال پەس ئاۋازدا، — مەن مۆكمۆكىلەك ئوينىمىدىم.

تۇيۇقسىز بىر قارىغۇ چاشقان تۆشۆكتىن چىقىپ، يۇقىرى ٴداۋىستا:
ــ سىنى تىپىۋالدىم! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.
ٴبىيقچاق ٴاچچىقىدا سەكرەپ كىتىپتۇ ـ دە:
ــ مەن راستىنلا ٴويۇن ٴويىنىمدىم، مەن يوشۇرۇنۇۋالماقچى، ــ دەپتۇ.
ــ نىمشقا؟ ــ دەپ سوراپتۇ تىينچاق قىزىقىپ.
ــ چۈنكى ٴانام مىنى ٴۆيگە قايتىپ ٴۇخلىغىن دەيدۇ، پۈتۈن بىر قىش ٴۇخلايدىكەنمىز. شۇنداق بولسا مەن قارنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرەلمەيمەن، ــ دەپتۇ ٴبىيقچاق.





— مەن ساڭا دەپ بېرەي، — دەپتۇ تىيىنچاق.

ئۇ قار ئاسماندىن مۇنداق ياغدۇ، دەپ بىر سىقىم قارىغاي ئۇرۇقىنى ئاسمانغا ئاتقانىكەن، قارىغاي ئۇرۇقلىرى «شار» قىلىپ يەرگە چۈشۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ــ قار دېگەن قارىغاي ئۇرۇقىدەك ئۇنداق قاتتىق بولمايدۇ، ــ دەپتۇ قارىغۇ چاشقان يۇقىرى ئاۋازدا، ــ قار يۇمشاق ھەم ھۆل بولىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپلا كاسسىنى تولغاپ لاي كۆلچىكىگە ئۆزىنى ئېتىپتىكەن، «پاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، پاتقاق ئەتراپقا چاچراپتۇ، بۇنى كۆرگەن ئېيىقچاق خۇشاللىقىدا ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

— قار قېلىن ياغسا، — دەپتۇ تيىنچاق، — قار بوۋاي ياسىغىلى، قار ئېتىشىپ ئوينىغىلى بولىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپلا بىر پارچە لاينى ئېلىپ، ئېيىقچاققا ئېتىپتۇ.

ئېيىقچاق چاقچاقلىق بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ...

«پاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، لاي قارىغۇ چاشقاننىڭ بېشىغا تېگىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ــ قار ھەقىقەتەن بەك ياخشى نەرسە ئىكەن، ــ دەپتۇ ئېيىقچاق كۈلۈپ تۇرۇپ.

بۇ ئۈچ دوست بىر ـ بىرىگە لاي ئېتىشىپ ئويناشقا باشلاپتۇ، بىردەمدىلا ھەممە يەرنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇۋاتقان لاي پارچىلىرى قاپلاپ كېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ـــ سەن يەنە قار ئۈستىدە پەرىشتە پەيدا قىلالايسەن، ـــ دەپتۇ تىيىنچاق.

ئۇ شۇنداق دەپلا تۆت پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ، توپا ئۈستىدە سوزايلىنىپ يېتىپ، ئىككى قولىدا توپىنى يۇقىرى ـ تۆۋەن تۇزۇتۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا، توپا ئۈستىدە چىرايلىق تىيىنچاق پەرىشتە پەيدا بوپتۇ.

ئېيىقچاق بىلەن قارىغۇ چاشقانمۇ «مەنمۇ شۇنداق قىلىپ باقاي! مەنمۇ شۇنداق قىلىپ باقاي!» دېيىشكىنچە تىيىنچاقنى دوراپ، توپا ئۈستىدە يېتىپ توپا تۇزۇتۇشقا باشلاپتۇ.





تېزلا توپا ئۈستىدە
خىلمۇخىل پەرىشتىلەرنىڭ
شەكىللىرى پەيدا بوپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار شۇنداق خۇشال ئويناۋاتقاندا، ئېيىقچاق دوستلىرىدىن:

— قىش كۈنى مەن ئۇخلاۋاتقاندا، سىلەر قاردا ئوينامسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ قارىغۇ چاشقان بېشىنى لىڭشىتىپ، — بىز قار ئۈستىدە مۆكمۆكىلەڭ ئوينايمىز، بەك پەيزى بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇ چاغدا ئېيىق ئانىنىڭ ئېيىقچاقنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بىراق ئېيىقچاق يەردىن قوپماي يېتىۋاپتۇ، ئۇنىڭ پەقەتلا تۇرغۇسى يوق ئىكەن.

— ئېيىقچاق خاپا بولۇپ قاپتۇ، — دەپتۇ قارىغۇ چاشقان قاقاھلاپ كۈلۈپ. ئۇ قۇرۇپ قالغان دەرەخ شاخلىرىدىن غەلتە دوپپا ياساپ، ئۇنى ئېيىقچاققا سوۋغا قىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپتۇ.

— مەن ئۆيگە قايتىپ ئۇخلايمەن، مېنى ئۇنتۇپ قالماڭلار جۇمۇ، — دەپتۇ ئېيىقچاق كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا.

— ئەلۋەتتە ئۇنتۇپ قالمايمىز، — دەپتۇ تىيىنچاق.



ئېيىقچاقنىڭ كەتكۈسى يوق ئىكەن. ئۇ ئازراق
مېڭىپ كەينىگە قاراپ، تېيىنچاق بىلەن قارىغۇ
چاشقاننىڭ ئۆزى بار ۋاقىتتىكىدەك خۇشال
ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.



— ئېيىقلار قىشتا ئۇزۇن ئۇخلايدۇ، — دەپتۇ ئېيىق ئانا مۇلايىملىق بىلەن ئېيىقچاققا، — بىز ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا قار - مۇزلار كۆرۈنمەي قالىدۇ.

— دوستلىرىممۇ كۆرۈنمەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئېيىقچاق. بۇلارنى ئويلىغانچە ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ - دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كېتىپتۇ.





ئېيىقچاق كۆڭلى يېرىم هالدا ئۆيگە كىرىپتۇ، ئېيىق ئانا غولىچىنى كېرىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ قويماقچى بوپتۇ.

— مېنى قۇچاقلىماڭ، — دەپتۇ ئېيىقچاق، — مېنىڭ قارنى كۆرگۈم بار ئىدى.



www.uyghurkitap.com
كىتاب تۇرىبكىتى



— ھەقىقىي دوستۇڭ سېنى تاشلاپ كەتمەيدۇ، خۇددى دەرەخ ئۈستىدىكى چېچەك ۋە ئىللىق قۇياشقا ئوخشاش. گەرچە ھازىر سەن ئۇلار بىلەن خوشلاشقان بولساڭمۇ، لېكىن ئويغانغاندىن كېيىن ئۇلارنى يەنىلا كۆرەلەيسەن، — دەپتۇ ئېيىق ئانا، ئاندىن ئېيىقچاقنى ئاستا كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئېيىق ئانا ـ بالا ئۇخلىغان ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىدا ماموۇقتەك قار يېغىشقا باشلاپتۇ، قار توختىماستىن بىر قىش يېغىپتۇ.





www.uyghurkitap.com

ئەللىق قۇياش نۇرى ئاخىرقى قارنى ئېرىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئېيىق ئانا ئېيىقچاقنى ئاستا ئويغىتىپتۇ.

— قوزام، ئورنىڭدىن تۇر، باھار كەلدى، — دەپتۇ ئېيىق ئانا كۈلۈمسىرىگىنىچە.



ئېيىقچاق كۆزىنى ئېچىپ، خۇشاللىقىدا سىرتقا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ۋاھ! كۈن نۇرى نېمىدېگەن ئىللىق - ھە! باھار كەلگەچكە، ئەتراپنى گۈللەرنىڭ، ئوت - چۆپلەرنىڭ خۇش ھىدى قاپلىغانىكەن.



www.uyghurkitap.com

ئېيىقچاق خۇشاللىقىدا ئۆزىگە تونۇش كىچىك كۆلچەك تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ، ئۇ تېيىنچاق بىلەن قارىغۇ چاشقاننى ئىزدەپتۇ، لېكىن ئۇلار ئۇ يەردە كۆرۈنمەپتۇ.

— ئۇلار كېتىپتۇ، — دەپ ئويلاپتۇ ئېيىقچاق ئۇھسىنىپ، — ئۇلار راستىنلا مېنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ.





دەل شۇ چاغدا ئېيىقچاق قوڭغۇراقتەك
جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ
دەرەخ شاخلىرىنى قايرىپتۇ...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

ۋاھ، ئەسلىدە تېينچاقنىڭ ئاۋازى ئىكەن ئەمەسمۇ! ئۇ گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن ئۆزىنى ئوراپ، «قار بوۋاي»دەك ياسىنىۋالغانىكەن.


ــ ئېيىقچاق، بىز سېنى بەك سېغىندۇق، ــ دەپتۇ قارىغۇ چاشقان ئېيىقچاققا ئۆزىنى ئېتىپ، ــ سەن بولمىساڭ، بىز مۆكمۆكلەڭ ئوينىساق قىزىمايدىكەن.

ئېيىقچاقنىڭ كۆز چانىقى نەملىشىپتۇ. ئۇ پۈتۈن بىر قىش ساقلاپ، ئاخىر ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسە ــ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى دوستقا ئېرىشىپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى



www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ــ فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 2013 ــ يىلى 5 ــ ئاي 1 ــ نەشرى، 2014 ــ يىلى 6 ــ ئاي 5 ــ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆美术摄影出版社 2013 年 5 月第 1 版，2014 年 6 月第 5 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: يۇ ۋېنشېڭ
مەسئۇل مۇھەررىرى: دىنا دىلمۇرات
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلشات مەمەت

قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: لىيۇ ۋېيىۋ

## «كۆك ئاي» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# قاچانلىققا قار ياغىدۇ

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ــ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ــ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ــ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ــ تېخنىكا باغچە يولى 5 ــ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
باسقۇچى: بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/12
باسما تاۋىقى: 2.5
نەشرى: 2015 ــ يىلى 12 ــ ئاي 1 ــ نەشرى
بېسىلىشى: 2017 ــ يىلى 1 ــ ئاي 1 ــ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 7821 - 5
باھاسى: 16.00 يۈەن

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇ سەرخىل كىتابلىرى
dudu
WWW.dudu-book365.com

ISBN 978-7-5469-7821-5
9 787546 978215 >
定价：16.00元